小汤姆系列　تام ھەققىدە ھېكايىلەر

# تام ۋە دىلخەستە رۇرۇ

# 汤姆和伤心的鲁鲁



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

本书根据海燕出版社2008年5月第1版，2013年8月第10次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: **ئەركىن ئەمەت**
مەسئۇل مۇھەررىرى: **شەرۋانەم ئابلىكىم**
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: **ئەمرۇللا ئەنۋەر**
مەسئۇل كوررېكتورى: **رىزۋانگۈل ئابلەت**

تام ھەققىدە ھېكايىلەر

# تام ۋە دىلخەستە رورو

| | |
|---|---|
| تەرجىمە قىلغۇچى: | نۇرمەمەتجان ئىسلام |
| نەشرىيات: | شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى<br>قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى |
| تېلېفون: | 0998 - 2653927 |
| ئادرېسى: | قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ |
| پوچتا نومۇرى: | 844000 |
| تارقاتقۇچى: | شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى |
| زاۋۇت: | شىنجاڭ يېمەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى |
| فورماتى: | 1194 × 889 م م 1／24 |
| باسما تاۋىقى: | 1 |
| نەشرى: | 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى |
| بېسىلىشى: | 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى |
| باھاسى: | 6.50 يۈەن |

小汤姆系列　　　　تام ھەققىدە ھېكايىلەر

# تام ۋە دىلخەستە رۇرۇ

# 汤姆和伤心的鲁鲁

تەرجىمە قىلغۇچى : نۇرمەمەتجان ئىسلام




شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



بۈگۈن مەن بەكلا خۇشال، رۇرۇ كەلدى ئەمەسمۇ. رۇرۇ ـــ مېنىڭ يېقىن ئادىشىم. ئۇ ھەر ھەپتىسى بىزنىڭ ئۆيدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ كېتەتتى.

今天,我很高兴:鲁鲁来了。鲁鲁是我的好朋友。他每周要在我家住三天。



مەن رۇرۇغا پاۋلىنانى تونۇشتۇرۇپ قويدۇم. پاۋلىنا قوشنىمىز بولۇپ، ئىناغا بەك ئامراق ئىدى.

— ياخشىمۇسىز! — تىنچلىق سورىدى پاۋلىنا.

— ياخشىمۇسىز! — سالام قايتۇردى رۇرۇ.

我给鲁鲁介绍宝丽娜。她是我的邻居，她非常喜欢伊娜。“你好！”宝丽娜说。“你好！”鲁鲁回答。



مەن يېڭى تىراكتورىمنى كۆرسىتىش ئۈچۈن رۇرۇنى باشلاپ ماڭدىم، ئۇ مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنـ-
لۈك سوۋغىتىم ئىدى.

— كىم بالدۇر يۈگۈرۈپ بارالىسا، شۇ ئاۋۋال ئوينايدۇ! — مەن كۈچۈمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم.

我带鲁鲁去看我的新拖拉机，那是我的生日礼物。“谁先跑到，谁先玩！”我说完就拼命地跑起来。




— چېدىماسلىق قىلدىڭ! — رۇرۇ ئارقامدىن توۋلىدى، — سەن چېدىماسلىق قىلدىڭ! بالدۇر يۈگۈرۈۋالدىڭ!

— لېكىن، بۇ مېنىڭ تىراكتورىم تۇرسا! — مەن چېدىماسلىق قىلمىدىم، پەقەت رۇرۇدىن تېزرەك يۈگۈردۈم شۇ.

“你作弊!”鲁鲁喊道,“你作弊! 你先跑啦!”“可是,这是我的拖拉机呀!”我没有作弊,只是比鲁鲁跑得快些。



— بۇياققا ئۆت! — دېدى رۇرۇ ماڭا.
— ياق، مەن باشتا كەلدىم، — مېنىڭ چۈشكۈم يوق ئىدى.

“你靠边！”鲁鲁对我说。“不，我是第一个跑到的。”我可不愿意下来。



— قۇلىقىمنى تارتما، ئاغرىپ كەتتى، — مەن ۋارقىرىدىم.
— تىراكتورنى ماڭا بەر! — دېدى رۇرۇ قاتتىق ئاچچىقلاپ.

“不要揪我的耳朵，你弄疼我了。”我喊道。“把拖拉机让给我！”鲁鲁很生气。



— ساراڭ بولدۇڭمۇ، مەن يىقىلىپ چۈشەيلا دېدىم، — رۇرۇ مېنى كۈچەپ ئىتتىرىۋاتاتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىنى سوزدۇم.
— مەن تىراكتور ھەيدەيمەن! — رۇرۇ ۋارقىراپ كەتتى.

“你疯了，我要摔倒了。”鲁鲁用力推我，我也揪了他的耳朵。“我要开拖拉机！”鲁鲁大喊。



— رۇرۇ بەك ئەسكىكەن، ئۇ مېنى تارتقۇچلاپ ئاغرىتىۋەتتى. ئانامغا دەيمەن، ئۇ ئەمدى ئادىشىم ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كەتسۇن.

رۇرۇ يىغلىغىنىچە كېتىپ قالدى.

鲁鲁真坏,他把我弄疼了。我要去告诉妈妈,他不再是我的朋友了,让他回自己家去吧。鲁鲁哭着走了。



ئانام ئاشخانىدا ئالدىراش ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، رۇرۇ بىزنىڭ مېھمىنىمىز بولغاچقا، ياخشى كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەككەن. مەن ئەلۋەتتە ئۇنى ياخشى كۈتۈۋېلىشنى ئويلىغان، بىراق ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم.

— چىقىپ رۇرۇنى ئىزدەپ باققىن، ئۇ تېخى كەتمىدى. باغلىشىمەنكى، ئۇ يېقىن ئەتراپتا! — دېدى ئانام.

妈妈正在厨房里忙着。她说，鲁鲁是我们的客人，应该好好儿招待他。我当然想好好儿招待他，可是，我不知道他去哪里了。“去找找鲁鲁。”妈妈说，“他没走，我敢打赌，他就在附近！”



ئۇ مېھمانخانىدىمۇ، ئاشخانىدىمۇ، پەلەمپەينىڭ ئاستىدىمۇ يوق ئىدى. ئۇ چوقۇم يەر ئاستى ئۆيىدە ئەمەس، يەر ئاستى ئۆيگە ھەتتا مەنمۇ ئۆزۈم يالغۇز چۈشۈشتىن قورقىدىغان تۇرسام.

他不在客厅，不在餐厅，也不在楼梯下面。他肯定不在地下室，就连我，都害怕一个人去地下室呢。



ئۇ بەلكىم ئويۇنچۇقخانىدىدۇ......

— رۇرۇ، رۇرۇ، سەن قەيەردە؟ — مەن قاتتىق توۋلىدىم، مېنىڭچە ئۇ ئاڭلايدۇ.

ھە، مەن ئىنانىڭ ئۆيىدىن ئاۋاز چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

他可能在游戏室……“鲁鲁，鲁鲁，你在哪里？”我大声叫着，他应该能听到。噢，我听到伊娜的房间里有声音。



— بۇ يەرگە مۆكۈۋاپتىكەنسەندە! سېنى ھەممە يەردىن ئىزدىدىم. چىققىنە، بىللە ئوينايلى، ماقۇلمۇ؟

رۇرۇ خاپا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىنى سوزۇۋەتكىنىمگە ماي تارتىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇمۇ بەك ئۇششۇقكەن!

“你藏在这儿了！我到处找你。出来吧！我们一起玩,好不好?”鲁鲁好像不高兴。就因为我揪了他的耳朵？他也太娇气了！



— نېرى تۇر! — دېدى رۇرۇ، — ھېچكىمنى بىلەن كۆرۈشكۈم يوق، سەن ئەمدى ئادىشىم ئەمەس. مەن ئەمدى ھېچكىمگە ئامراق ئەمەس، مېنىمۇ ھېچكىم ياقتۇرمايدىكەن.

“走开！”鲁鲁说，“我不想见任何人，你不再是我的朋友了。我不再喜欢任何人，也没有人喜欢我。”



رۇرۇ ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى.
— مەن قول ياغلىق تېپىپ كېلەي...... كۆڭلۈڭ بەك يېرىم ئوخشايدۇ، — دېدىمەن رۇرۇغا.

鲁鲁拼命地哭起来。“我去找手绢……你好像很伤心。”我对鲁鲁说。



— ياق، توختاپتۇر! — دېدى رۇرۇ، — كەت-
مىگىن، مەندىن ئايرىلما.

“不，等等!”鲁鲁说，“不要走，不要离开
我。”



— يانچۇقۇمدا قول ياغلىق بار.

“我口袋里有手绢。”



— سەندە ئىككى قول ياغلىق باركەنغۇ، — دې-
دىمەن ئۇنىڭغا، — لېكىن، نېمىشقا ئىككىسىنى
بىر قىلىپ چىگىپ قويدۇڭ؟

“你有两块手绢呢。”我对他说，“可是，你为什
么要把两块手绢系在一起呀?”



— بىرى دادامنىڭ، يەنە بىرى ئانامنىڭ. دادام بىلەن ئانام ئەمدى بىر- بىرىنى ياخشى كۆرۈشمەيدىكەن، ماڭىمۇ ئامراق ئەمەسكەن...... ئۇلار ئاجرىشىدىكەن.

“一块是爸爸的，一块是妈妈的。爸爸妈妈不再相爱了，他们也不爱我了……他们要离婚。”



— ئىككىڭلار بۇ يەردە ئىكەنسىلەردە، — پاۋلىنا كىرىپ كەلدى، — كۆڭلۈڭلار بەك يېرىمدەك قىلىدىغۇ، نېمە ئىش بولدى؟

“他们俩在这儿呢!”宝丽娜走进来,“你们好像很伤心,发生了什么事?”



مەن پاۋلىناغا رۇرۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاجراشماقچى بولغىنىنى ئېيتتىم.

ــ ھە، ھە! ئەسلىدە مۇشۇ ئىشقا قايغۇرۇپ ئولتۇرۇپتىكەنسىلەر دە، ــ دېدى پاۋلىنا.

我告诉宝丽娜,鲁鲁的爸爸妈妈要离婚了。“噢,噢!”宝丽娜说,“原来是为这个伤心。”



پاۋلىنا رۇرۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

— مېنىڭمۇ ئاتا ـ ئانام ئاجرىشىپ كەتكەن. تۆت ياشقا كىرگەن چېغىمدا، دادام ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، باشقا بىر جايدا تۇرغان. دەسلىپىدە مەنمۇ دائىم ئازابلىناتتىم، كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپمۇ قالدىم، هازىر مانا بىر ئوبدان تۇرمامدىمەن! — دېدى.

宝丽娜坐到鲁鲁身边，对他说："我的父母也离婚了。我四岁时，爸爸离开家，住到另外一个地方。一开始，我也老是伤心，后来，慢慢地习惯了，现在不是很好嘛！"



— ھازىر مەن ئىككى يۇرۇش تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسىغا، ئىككى يۇرۇش روژدېستۋا سوۋغىسىغا ئېرىشىمەن، ئىككى قېتىم سىرتقا چىقىپ سەيلە قىلىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئاتا ـ ئانام بۇرۇنقىدەك ماڭا ئاچچىقلانمايدۇ، ئۇلار ماڭا بەك ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، — دېدى پاۋلىنا ھاياجانلىنىپ.

“现在，我能收到两份生日礼物、两份圣诞礼物，度两次假。还有，爸爸妈妈不再像过去那样生我的气了。他们对我都很好。”宝丽娜兴奋地说。



— ھە، ھەممىڭلار بۇ يەردە ئىكەنسىلەر - دە! — دېدى دادام كېلىپ، — كىرسەم بولامدۇ؟
دادامنىڭ بويى شۇنداق ئېگىز بولغاچقا، كىچىك ھۇجرىغا پاتماي قالارمىكىن دەپ بەكلا ئەنسىرىدىم.

“啊，你们都在这儿呢！”爸爸走过来说，“我可以进去吗？”爸爸的个子那么大，我真担心小屋装不下他。



مەن دادامغا رۇرۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتىم. مەن دادام بىلەن ئانامنىڭ پاۋلىنا بىلەن رۇرۇنىڭ ئاتا - ئانىسىدەك ئاجرىشىپ كېتىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن.

我告诉爸爸，鲁鲁的爸爸妈妈不再相爱了。我希望我的爸爸妈妈不要像宝丽娜和鲁鲁的爸爸妈妈一样离婚。

— ئاتا - ئانىلار بەزىدە بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئەمما سەن مەڭگۈ ئۇلارنىڭ ئوغلى. داداڭمۇ ساڭا ئامراق، ئاناڭمۇ ساڭا ئامراق، ئۇلار سېنى مەڭگۈ سۆيىدۇ، — دېدى دادام بوش ئاۋازدا رۇرۇغا.

— مەن دادام بىلەن ئانامنىڭ بىر - بىرىنى مەڭگۈ ياخشى كۆرۈشۈنى ئۈمىد قىلاتتىم، — دېدى رۇرۇ.

— داداڭ بىلەن ئاناڭ ئىلگىرى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەن! دەل شۇنداق بولغاچقا، سەن پەيدا بولغان. ئەمما، ئاتا - ئانىلار بىللە تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۇلار ئايرىلىپ كېتىدۇ. دادا بىلەن ئانا ئوخشىمىغان ئائىلىدە ياشايدۇ.

— لېكىن، مەن، مېنى ئىككى پارچە قىلغىلى بولمايدۇ - دە؟ — دېدى رۇرۇ.

— سەن بەزىدە ئاناڭنىڭ ئۆيىگە، بەزىدە داداڭنىڭ ئۆيىگە بارساڭ بولىدىغۇ. سېنىڭ ئىككى ئائىلەڭ بولىدۇ، خۇددى ماڭا ئوخشاش، بۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دېدى پاۋلىنا.

爸爸轻声地对鲁鲁说："爸爸和妈妈有时候会不再相爱了，但是，你永远是他们的儿子。爸爸爱你，妈妈也爱你，他们永远爱你。"

"我希望爸爸妈妈永远相爱！"鲁鲁回答。

"你爸爸妈妈曾经非常地相爱，正因为这样，才有了你。但是，当爸爸和妈妈不能再生活在一起的时候，他们就会分开。爸爸和妈妈会生活在不同的家里。"

"可是，我，"鲁鲁问道，"我不能分成两半呀？"

"你可以——有时候到妈妈家，有时候到爸爸家。你会有两个家，像我一样，不是也挺好的吗？"宝丽娜说。









— كىمنىڭ قىزىق سەۋزە قاتلىمىسى يېگۈسى بار؟ — ئانام ئاشخانىدا تۇرۇپ بىزنى چاقىردى.

妈妈在厨房叫我们:“谁想吃刚出锅的胡萝卜饼?”



— مېنىڭ!

— مېنىڭ!

— مېنىڭمۇ يېگۈم بار! — دېدى دادام.

— بىردەمدىن كېيىن بىز ئۆي تۇتۇش ئويۇنى ئوينايلى، كىم دادا، كىم ئانا بولىدۇ؟ — دېدى پاۋلىنا.

“我!”“我!”
“我也想吃!”爸爸说。
“一会儿我们玩过家家,谁当爸爸,谁当妈妈?”宝丽娜问。

图书在版编目(CIP)数据

汤姆和伤心的鲁鲁：维、汉/(法)巴文编绘；梅莉，萧衮，努尔买买提·斯拉木译. -- 喀什：喀什维吾尔文出版社，2015.2
(小汤姆系列)
ISBN 978-7-5373-3753-3

Ⅰ.①汤… Ⅱ.①巴… ②梅… ③萧… ④努… Ⅲ.①儿童文学-图画故事-法国-现代 Ⅳ.①I565.85

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第042975号

策　　划：艾尔肯·艾麦提
责任编辑：夏尔瓦娜木·阿布力克木
美术编辑：艾木热拉·艾尼瓦尔
责任校对：热孜玩古丽·阿布来提

小汤姆系列 —— 汤姆和伤心的鲁鲁

| | |
|---|---|
| 翻　译 | 努尔买买提·斯拉木 |
| 出　版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998-2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路14号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 新疆翼百丰印务有限公司 |
| 开　本 | 889×1194 毫米　1/24 开本 |
| 印　张 | 1 |
| 版　次 | 2015年2月第1版 |
| 印　次 | 2015年2月第1次印刷 |
| 定　价 | 6.50元 |

## ئوقۇش يېتەكچىسى

تۇرمۇشتىكى بەزى كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، باللارغا نىسبەتەنمۇ شۇنداق. تامنىڭ دوستى رۇرۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىدەك مەسىلىگە دۇچ كەلگەن. باللار گەرچە بۇنى چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن چوقۇم يۈزلىنىشى كېرەك. بۇ چاغدا ھەممىدىن مۇھىم بولىدىغىنى باللارنىڭ ئىشەنچكە ئېرىشىشى، يۈزلىنىش، قوبۇل قىلىش ۋە كۆنۈشنى ئۆگىنىشى. ئائىلىدىكى كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەرگە يولۇققان باللارنىڭ تېخىمۇ كۆپ تەسەللى، چۈشىنىش ۋە كۆيۈنۈشكە ئېرىشىشىنى تىلەيمىز ھەم بۇ باللارنىڭ دادا بىلەن ئانا بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشمەيدىغان بولۇپ قالغاندا، ئايرىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

سىز ئۇلارنىڭ بالىسى، ئۇلار سىزنى مەڭگۈ سۆيىدۇ.

—— شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى باللار مائارىپى تەتقىقات ئورنىدىن جۇ جياشيۇڭ، خۇ يىخۇي



ISBN 978-7-5373-3753-3

9 787537 337533

定价：6.50元